# پاتىگۈل تالىپ

- **ئىسمى ۋە چېسلانى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرۈڭ (تۈزىتىشكە توم خەت ئۇسخىسى ئىشلىتىڭ).**
- **مۇھەممەتئىمىن 1991- يىلى قولغا ئېلىنىپ قىيىن – قىستاققا سېلىنغاندا، ئۇ قانداق قىيناشلارنى باشتىن كەچۈردى؟ قىيناشنىڭ تۈرلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟**
**ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىدە كۈنىگە 16 سائەت ئېغىر ئەمگەككە سالغان. دائىم ئاش قويغان ۋە ئەمگەك جەريانىدا سەۋەپسىز توختىماي ئۇرغان. ئۇ تاش چاقىدىغان يەر بولۇپ ئېغىر تاشلارنى كۆتەرگۈزۈپ كۆتۈرەلمىسەم توخماق بىلەن ئۇراتتى. كېچىسى بولسا ئۇخلاتماي سوراق قىلىپ ياخشى ئىشلىمىگەن، جىنايىتىنى تونىمىغان دەپ تىرماقلىرىمنى ئامبۇردا يۇلاتتى. ھەم پۇتامنىڭ پېيىتى ئامبۇردا قىسىپ تارتىپ قىينايتى. ئۇرغاندا دائىم ئادەمنىڭ بېشىغا ئۇراتتى، بېشىم دائىم قاناپ كېتەتتى. شۇ سەۋەپتىنمۇ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىم ئېغىر بۇزۇلغان.**
**(**مۇھەممەتئىمىن**)**
- **ۋەتەندە قالغان باللارغا كىم قاراپ قالغان.**

**مەمەت ئىمىنىنىڭ ئاپىسى مەرەمنىساخان ئابدۇۋەلى قاراپ قالغان. ئاشۇ چاغدا مەرەمنىساخان ئابدۇۋەلى 60 ياشتا بار ئىدى.**

1. مېنىڭ ئىسمىم پاتىگۈل تالىپ. مەن 1967-يىلى كۇچادا تۇغۇلغان. مەن 1989-يىلى مۇھەممەتئىمىن بىلەن توي قىلغان. مېنىڭ بەش بالام بار. ئىككى چوڭى مەن بىلەن بىللە ئەمەس: ئوغلۇم سالاھىددىن 1990- يىلى ۋە قىزىم رۇقىيە 1992- يىلى شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان. 1996-يىلى بىز شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلغاندا، ئۇلار ئۇ يەردە قېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاندىن قىزىم رازىيە 1999- يىلى تۈركىيەدە تۇغۇلغان. ئوغلۇم ئۇيغۇرمۇ 2001- يىلى تۈركىيەدە تۇغۇلغان. مېنىڭ ئەڭ كىچىك بالام ئەھمەد 2007- يىلى شىۋىتسىيەدە تۇغۇلغان. يولدىشىم 1994- يىلى تۈركىيەگە قېچىپ كەتتى، مەن ئارقىسىدىن ئۆزەم يالغۇز 1996-يىلى تۈركىيەگە كەلدىم. ئەمما بىزنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇش ئۈچۈن قانۇنلۇق سالاھىيىتىمىز يوق ئىدى. شۇڭا، ئاخىرىدا شىۋىتسىيەدىن پاناھلىق تىلەپ، 2004- يىلى بۇ دۆلەتكە كۆچۈپ كەلدۇق.

2. بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى يولدىشىم مۇھەممەتئىمىن ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى كېرەم ئەرەب ئېلىپبەسى ۋە قۇرئاننى ئۆەتكەنلىكى ئىدى. ئۇلار يەنە مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسىدەك مەسىلىلەرنى مىسال قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىگە ئائىت خەلقنى ئويغىتىش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئۇ 1991- يىلى دائىرىلەر تەرىپىدىن قۇتراتقۇچى دەپ ئەيىبلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ قىيىن-قىستاقتىن كېيىن، داۋالىنىش سەۋەبىدىن قاماقتىن ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىلگەن. سالامەتلىكى ياخشىلانغاندا، ئۇ

قايتا قاملىشقا مەجبۇر بولغان. 1992- يىلى ئۇ تۈرمىگە قايتۇرۇپ كېتىلدى. بۇ تۈنجى بالىمىزنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئىدى. مەن ئۇنى ئۈرۈمچىدە تاپقىلى ۋە كۆرۈشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. شۇڭا كۇچادىن ئۈرۈمچىگە باردىم ھەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلىدىم. ئۇنىڭغا تۈرمىدە ئىنتايىن ناچار مۇئامىلە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن بولۇپ بىز تونىيالمىدۇق، لېكىن ئۇ بىزنى تونۇپ ئالدىمىزغا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ تۈرمىدە يەنە ئىككى يىل يەتتى. ئاندىن بىز 1994- يىلى (يولدۇشۇم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن) شەرقىي تۈركىستاندىن ئايرىلىشنى قارار قىلدۇق. بۈگۈن ئۇ تارتقان زۇلۇم ۋە شۇنىڭدىن قالغان جاراھەت سەۋەبىدىن بۇ توغرىسىدا ھەقىقەتنى سۆزلىيەلمەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىگىمۇ تەسىر قىلدى.

3. يولدىشىمنىڭ «سىياسىي جىنايەتچى» سالاھىيىتى سەۋەبىدىن، بىز باشقىلارنىڭ پاسپورتىنى ئىشلىتىپ، جوڭگودىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. لېكىن بۇ ۋاقىتتا، ئىككى بالام ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئۇلارنى چېگرادىن چىقىرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى سىناپ باقتىم، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن جەم بولۇشى ئۈچۈن 2005- يىلى شىۋىتسىيەدىكى «ئائىلە جەم بولۇش پىلانى»غا ئىلتىماس قىلدىم. بۇ ئىككەيلەنگە (ئىككى چوڭ بالامغا) بۇ ئىلتىماسدىن كېيىن، پاسپورت بېرىلەن ئىدى. ئۇلار ھەتتا بېيجىڭ ئايرودرومىغا كېلىپ ئايروپىلانغا چىققان ئىدى، ئەمما كېيىن ئۇلار ئايروپىلان قوزغىلىشتىن بۇرۇن چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئىدى. دائىرىلەر چوقۇم بىز بىلەن جەم بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بولغان بولۇشى كېرەك. دائىرىلەر ئۇلارنىڭ پاسپورتلىرىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. ئۇلار ساياھەت قىلىش ئۈچۈن دائىرىلەردىن رۇخسەت سورىشى كېرەككەن.

4. شەرقىي تۈركىستاندا قالغان قىزىم رۇقىيە بىز بىلەن ئالاقىلاشقاندا، ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى بىلەن بىزگە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىڭلار دەيتى. ئۇلار قىزىمىز ئارقىلىق بىزنى شىۋىتسىيەدىن قايتۇرۇپ كېلەلمىگەچكە، ئۇنى قولغا ئالدى. ئۇنىڭغا ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى، يەنى، مېنىڭ نەۋرىلىرىم بار. ئۇلارنىڭ بىرى، قىزىمغا جازا ھۆكۈم قىلىنغاندا، بىر ياشتا ئىدى. ئاندىن ئۇ يەردىكى ئائىلە ئەزالىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشى چەكلەنگەن ۋە خىلاپ قىلغۇچىلارغا قاماق جازاسى بېرىلىدىكەن. ئالدىنقى قېتىم ئائىلىمىزدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشالىغان ۋاقتىمىز 2015- يىلى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بىز تۇققانلىرىمىزدىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدۇق. بولۇپمۇ مەن 2014- يىلىدىن بېرى چوڭ ئوغلۇم سالاھىددىن بىلەن ئالاقىلىشالمايۋاتىمەن. ئۇلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرگەن – ئۆلتۈرمىگەنلىكى ياكى تۈرمىگە تاشلىغان – تاشلىمىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

5. تۇرغۇن تۇققانلىرىم تۈرمىگە تاشلاندى. ھەممىسىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلاشقانلىقى ھەم ھۆكۈمەتنىڭ نىشانى بولۇپ قالغان ئېرىمنىڭ ئاكىسى كېرەم ئابدۇۋەلىگە يېقىن ئىدى.
   a. بىز كېرەم ئابدۇۋەلىنىڭ 2014- يىلى ياكى 2015- يىلىنىڭ مەلۇم ۋاقىتلىرىدا تۈرمىدە قازا قىلغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇ 1991- يىلىدىن باشلاپ قامالغان. ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم ئۇ سوتقا تارتىلاتتى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر

ئەركىنلىكى توغرىسىدا سۆزلەشنى توختىتىشى شەرتىدە دائىرىلەر ئۇنى قويۇپ بېرىش تەكلىپىنى بېرەتتى. ئەمما ئۇ ھەر قېتىم رەت قىلاتتى. ئۇ كۆپ يىللىق مەھبۇسلۇق سەۋەبىدىن بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. بىزگە بۇنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۈرمىدە ياتقانلار ئېيتقان.

b. 2014- يىلى دائىرىلەر يولدىشىمنىڭ ئىككى ئىنىسى ئابدۇراخمان ۋە ئىبراھىم ئابدۇۋەلىنى تۈرمىگە تاشلىغان. ئابدۇراخمان 15 يىللىق، ئىبراھىم 17 يىللىق قاماق جازاسىغا كېسىلگەن. ئىبراھىمنىڭ ئايالىمۇ 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان.

c. شۇ يىلى ئۇلار يەنە ئىككى ئىنىم، ساتتار ۋە ئىمام مىجىتنى تۈرمىگە تاشلىغان.

d. مەن يەنە سىڭلىم ئايگۈل نۇرلا (1982- يىلى تۇغۇلغان) ۋە ئۇنىڭ يولدىشى مەمەت نۇرلا قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلىمەن.

e. يەنە نۇرغۇن تۇققانلىرىمىز نەزەربەند قىلىنغان: بىرنەۋرە تۇغقىنىمنىڭ ئوغلى مەمەت نۇرلا، مېنىڭ بىر قېيىن ئىنىم مەھمۇت مۇللاۋۇت، جيەنلىرىمدىن بىرى ئەلى روزى، يەنە بىر قېيىن ئىنىم ھەمدە ئېرىمنىڭ جيەنى بولغان ئابدۇخېلىل ھەسەن قاتارلىقلار.

6. مەن 2015- يىلى ئانام ئارقىلىق بىۋاستە تېلېفوندا نۇرغۇن ئۇچۇرلارغا ئېرىشتىم. ئۇ ماڭا ھەممىنى چۈشەندۈردى. ئۇ مەندىن تۇغقانلىرىمنى ئالاقىنى ئۈزدى دەپ ئەيىبلىمەسلىكىمنى تەلەپ قىلدى. ئانام يەنە چەتئەللىكلەر ياكى چەتئەللەردە ياشايدىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقىلاشقانلارنىڭ ئائىلىسى ئازاب – ئوقۇبەتلەردە قالىدىكەن. ئۇ يەتمىش يەتتە ياشتا بولۇپ، بارىبىر ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا ئانام ئۇچۇرلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشكارىلاشنى قارار قىلغان ئىكەن. يەنە بەزى ئۇچۇرلارنى مەن 2016- يىلى تۈركىيەگە ساياھەت قىلغالى بارغىنىمدا، شۇ يەردە ئۇچرىغان بىرسى دەپ بەرگەن ئىدى. ئۇمۇ كۇچالىق ئىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە پۈتۈن ئائىلەم مەجبۇرىي كورلىدىكى بىر لاگېرغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىكەن.

7. بۇلارنىڭ ھەممىسى يۈز بەرگەندىن بۇيان، مەندە پسىخىكىلىق مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مەن ھازىر خامۇشلۇق كېسىلى بولۇپ، دورا ئىچىۋاتىمەن. زېھنىمنى يىغىش ۋە ئىشلارنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئەسلىشىم تەسكە توختاۋاتىدۇ. بۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل بولدى. تۇغقانلىرىمنىڭ بېشىغا كەلگەن بارلىق ئاۋارىچىلىكى ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلاشقانلىقى ئۈچۈن يۈز بەرگەن. جوڭگودىكى باللىرىم ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمى تۈپەيلى، مەجبۇرىي بىزنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېتىشىمىزنى تەلەپ قىلدى، ئەمما بىز قايتمىدۇق. شۇڭا ھازىر ئۇلار ساداقەتسىز دەپ قارىلىپ جازالىنىۋاتىدۇ.